# Голос Восточного Туркестана

# شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

Орган Объединённого Национального Революционного Фронта Восточного Туркестана №173 23 июля 1996 года


مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرى - تۈركىيە، قىبرىس، ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پارلامېنتلىرىغا.

كۆپىيەسى: ئامېرىكا، ئاۋسترالىيە، ياپونىيە، روسىيە، ئىسرائىل ۋە ياۋروپا پارلامېنتلىرىغا.

## مۇراجىئەت

جاناب دېپۇتاتلار، سېناتورلار، ۋەكىللەر.

[illegible]

ھۆرمەت بىلەن:

[illegible]

## ۋەتەن خەۋەرلىرى

[illegible]

**Обращение**

**К Парламентам тюркских государств : Турции,Северного Кипра, Азербайджана,Туркменистана, Узбекистана,Кыргызстана и Казахстана.**

**Копии Парламентам : России,США,Австралии,Японии,Израиля,Таджикистана и Европарламенту.**

*Настоящее письмо мы направляем от имени народа Восточного Туркестана,человеческие права которого попирали и попирают начиная с 20-х годов этого века и до наших дней сначала бывшая советская империя и гоминьдановские оккупанты, а теперь китайская коммунистическая империя.Мы обращаемся от имени народа ,которому сегодня угрожает опасность исчезновения как нации.*

**Уважаемые сенаторы,депутаты,вакили!**

Восточнотуркестанский народ-это 22 млн. уйгуров,1,5 млн.казахов; кыргызы, узбеки,татары - в общей сложности 25 млн. тюркоязычного населения.
Восточнотуркестанские тюрки - это прародители современных тюркских народов .
В 933 году приняв Ислам ,воточнотуркестанцы являлись проповедниками и проводниками этой религии в Центральной Азии.
Какая судьба ожидает этот народ,если положение вокруг населяемой им территории,обладающей огромными запасами природных ресурсов, складывается следующим образом :
1) 26 апреля 1996 года в г. Шанхае Китай ,Россия,Кыргызстан,Казахстан и Таджикистан в ходе переговоров приходят к соглашению навечно заключить родину восточнотуркестанских тюрков - территорию в 1 млн. 710 тыс.км2. в рамки китайской империи. Принято решение совместными усилиями договаривающихся сторон остановить национально-освободительное движение народа .
Через 10 дней после подписания Шанхайских договоренностей китайские власти развязывают массовые политические репрессии,жертвами которых становятся : интеллигенция ,духовенство ,студенты и молодежь Восточного Туркестана . На 10 июля 1996 года арестовано 18 тысяч человек в городах Урумчи , Кульджа , Турфан , Карамай , Аксу. В ходе арестов 20 человек было убито . С начала компании чисток 95 арестованых казнены . 22 печатных издания запрещены цензурой . Более 100 тысяч экземпляров исторических и политических,религиозных и музыкальных изданий насильно изъяты у населения ..
Закрыто более 100 мечетей и религиозных школ.
Карательные действия властей продолжаются . До начала репрессий в Восточном Туркестане насчитывалось 92 лагеря, где содержались 250 тысяч заключенных ,51% из которых молодежь ,20%-политзаключенные .
2) Пекин проводит политику китаизации Восточного Туркестана . Компартия планирует к 2000 году довести численность китайского населения в этом регионе до 100 млн. человек.
Интенсивнейшей колонизации подвергаются нефтеносные районы - Таримский оазис, где планируется довести численность ханьцев до 70 млн. к 2000 году. Сейчас выполняется план-минимум - переселение 10 млн. китайцев в Тарим . Ведется строительство трех шоссе и двух железнодорожных магистралей , призванных усилить связь Тарима с Внутренним Китаем . Построено 8 аэродромов .
Ежедневно в этой зоне добывается 2-2.5 тысячи тонн нефти ,которая по подземному трубопроводу транспортируется во Внутренний Китай . Национальное руководство СУАР не влияет на такие процессы,так как район подчинен напрямую Пекину .
3) 1996 г.- начало 9-й пятилетки в Китае .Согласно планам Пекина Восточный Туркестан (Синьцзянь) до 2000 г. обязан поставить в Китай : 80 млн.тонн нефти ,40 млн.тонн зерна ,6 млн.тонн хлопка,25 млн .голов скота и 5 млн тонн овощей ,а также в бюджет Китая - 85 млрд.юаней .
Трехмиллионный контингент Трудовой Армии Китая, дислоцированный в СУАР ,должен перечислить в бюджет Китая 35 млрд.юаней .
В то же время истинный хозяин этих богатств - коренной народ Восточного Туркестана находится в унизительно бедственном материальном положении . На юге 1028 тысяч уйгурских семей живут ниже черты бедности (доход семьи едва достигает 200 юаней ) .Доход китайской семьи -до 10000 юаней .
Начиная с 1963 года 44 китайских ядерных взрыва в Лобноре привели к гибели 250 тысяч восточнотуркестанцев .Экологическая обстановка находится на грани экологической катастрофы .
В 1995 году из-за засух ,буранов ,наводнений урожай зерна составил 4.5 млн.тонн (в предыдущие годы 6-7 млн тонн ) ,при обязательной сдаче государству 1\3 урожая .
В последние годы трехмиллионое уйгурское население одной из южных частей региона вынуждено перейти на колодезное водоснабжение по причине загрязненности наземных источников вод.
С 1982 года в ходе осуществления "политики ограничения рождаемости" были умерщвлены 3 млн. детей (плоды и новорожденые) "мясо" которых экспортируется в фармацевтическую промышленность Гонконга .

**Уважаемые господа!**

Сделайте пожалуйста выводы из перечисленных фактов .Такие бесчинства,возведенные в ранг государственной политики ,не сможет вытерпеть даже терпеливый человек .
Последний 40-летний период времени мы прожили под звон интриг бывшей советской империи и ложь китайской империи .
Сейчас ,после репресивных действий режима ,молодежь Восточного Туркестана взялась за оружие .
Сейчас льется кровь тех,кто любит свою родину .Несмотря ни на что ,народ намерен продолжать борьбу .
Если и Вы откажете нам в помощи ,Китай сотрет с лица земли нашу нацию.
Мы неоднократно обращались к руководителям и правительствам Ваших государств .Это обращение мы направляем Парламентариям ,как носителям передовых идей .
Мы очень благодарны парламенту Германии , принявшему резолюцию по Тибету.

**Мы обращаемся к Вам с просьбами :**

1.Обратить внимание на репресии китайских властей в Восточном Туркестане ,тем самым способствовать их прекращению.Мы просим не ратифицировать несправедливые договора , заключеные с Китаем,касающиеся Восточного Туркестана .
2.Основная причина ,по которой китайский режим может беспрепятственно проводить бесчеловечную ,карательную политику против коренного населения Восточного Туркестана -это позиция официальных властей государств,трактующая проблему как внутренее дело Китая .
Восточнотуркестанский вопрос никогда не был внутреним делом Китая-это доказано историей .
Восточнотуркестанский вопрос сегодня - дело мирового сообщества наций ,которое не должно допускать геноцида в отношении малой нации со стороны большой нации за обладание жизненным пространством

**С уважением**

| | |
|---|---|
| Председатель Объединенного Национального Революционного Фронта Восточного Туркестана (ОНРФ) | Ю.Мухлиси. |
| Руководитель духовно-агитационного отдела ОНРФ | Имам Хажи Абдуразак |
| Отделение ОНРФ в Узбекистане | Ирпан Тохти |
| Отделение ОНРФ в Кыргызстане | Абдулкерим Хаджиев |
| Член координационного Совета "Ассоциации Уйгуров " Казахстана | Долкун Ясин |
| Председатель женского совета Уйгурского Культурного общества Казахстана | Бибихан Алахунова |
| Антиядерный комитет Лобнор | Оркыз Илиева |

**11.07.96 Алматы.**

**Последние события в Восточном Туркестане ( Уйгурстане ).**

**Китайские палачи приняли решение продолжить репрессии в Восточном Туркестане.**
*Пятеро китайских специалистов из Пекина принемают участие в руководстве компанией репрессий.*

Радио Урумчи от 14 июля :
В период окончания 100- дневной компании " Движение твёрдый удар" , проводимой в СУАР с 1 апреля 1996 года , в городе Урумчи 8-12 июля прошло собрание руководящих кадров милиции , армии и спецслужб. На нём были приняты итоговые решения:
1. Компания начата и закончена в жёстком режиме. Получен богатый опыт , который необходимо принять на вооружение.
2. Во время расследования дела Хоруна Хажи , убитого в Кашгаре , были проверены около 10тыс. лиц ,
возможно причастных или владеющих информацией . Такой метод ведения дела привёл к эффективным
результатам . В дальнейшем , при расследовании "громких дел" необходимо руководствоваться полученым опытом.
3. В 100-дневный период были обезврежены многие преступники , однако очень многие нарушители закона остались на свободе. Поэтому необходимо продолжать компанию.

**Штаб "Искра родины" сообщает неафишируемые подробности совещания в Урумчи .**
За время проведения компании репрессий китайский режим понёс немалые потери . На собрании были
приведены цифры : - 450 милиционеров и солдат погибли , около 1000 - ранены . В честь погибших собрание почтило их память трёх-минутным молчанием стоя.
Совещание обратилось к судебным органам с просьбой скорейшего выявления среди арестованных лиц , заслуживающих смертную казнь и скорейшего приведения в действие приговоров. Принято решение начать репрессии в уездах Лобнор , Чаркалык , Корла - Карашахарского вилайета и во всех уездах Кашгарского и Хотанского вилайетов.

Активисты штаба утверждают о начале формирования властями смешанных карательных групп на юге Восточного Туркестана .
В связи с этим на встрече активистов Штаба были приняты решения :
1. Несмотря на большое число арестованных патриотов , места их содержания неизвестны. Очень важно обнаружить места их концентрации . Также необходимо довести информацию о приговорённых к смертной казни до мировой общественности до исполнения приговоров.
2. Практика подписных обязательств , применённая властями в Кульдже , наносит большой вред национальному самосознанию . Важно препятствовать её распространению в другие районы.
3. Основная причина , способствующая режиму проводить репрессии в Восточном Туркестане - это хорошая связь с внутренним Китаем. На линии основных транспортных артерий находятся более 300 мостов , 260 тоннелий , 45 водохранилищ . Важнейшей задачей становится концентрация внимания на этой проблеме.

Активисты штаба отметели , что несмотря на неисчиолимые страдания , принесённые действиями режима
с 1 апреля по 7 июля 1996 года народу , действия народного сопротивления можно считать большой победой , так как в этот период времени по китайскому колониальному режиму был нанесён хороший удар .
В 20-х числах июля железнодорожное сообщение Ланьчжоу - Синьцзянь было прервано успешно проведённой деверсией , когда 2 моста были взорваны. Правительство СУАР выпустило черезвычайный указ о мобилизации всех имеющихся сил для восстановления в 3-х дневный срок железнодорожного сообщения с Китаем.
Об этом Радио Урумчи было вынуждено сообщить утром 22 июля .

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

1996

بسم الله الرحمن الرحيم

DOĞU TÜRKİSTAN SESİ

شەرقى تۈركىستان ئاۋازى گېزىتى

DOĞU TÜRKİSTAN DAYANIŞMA DERNEĞİ HABER BÜLTENİ

شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى نەشر قىلدى

# شەرقى تۈركىستان داۋاسى

# بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان– خابىتات ئىككىنچى قىتىملىق قۇرۇلتىيىغا ئىستانبۇلدىكى شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلىرى قانۇنى ۋە تەشكىلى يوسۇندا رەسمى قاتناشتى.

دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سېكرېتارلىقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خابىتات تەشكىلاتى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقوقى، مۇھىت، ئېكولوگىيە، شەھەرلىشىش، ماكانلىشىش، ئىنسان ھەقلىرىگە دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدىغان تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قىتىملىق بۈيۈك يىغىلىشى بۇ يىل ئۈچىنچى ئىيۇندىن ئون تۆتىنچى ئىيۇنغىچە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. ئالتە مىليارد دۇنيا خەلقىنىڭ ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق، يۈز ئەللىك دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللىرى بۇ يەرگە توپلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. تۈرگۈن دۆلەتلەر پىرېزىدېنت، باش مىنىستىر، مىنىستىرلار باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتتى. ب د ت نىڭ باش كاتىپى، مەسئۇللىرى ۋە مىڭلىغان دۇنيا مۇخبىرلىرى نەق مەيداندا تەييار بولدى. ئىستانبۇلنىڭ دېڭىز بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك رايونى ب د ت غا ئون بەش كۈنلۈك ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ۋە ب د ت ساقچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەقىل رايون سۈپىتىدە باشقۇرۇلدى. ئون بەش كۈن ئىچىدە بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق پائالىيەتلەر دۇنيادىكى گېزىت، ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيونلاردا نەق مەيداندىن ئۈزلۈكسىز خەۋەر قىلىندى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ۋەخپىمىز ۋە جەمىيىتىمىز نەشر قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان ياشلىرى گېزىتىمىز مەتبۇئات ئېھتىياجىغا ئاساسەن كۆپ تىلدا "شەرقى تۈركىستان ئاۋازى"غا ئۆزگەرتىلدى. خەۋەرلىرىمىزنى دۇنيادىكى داۋا تەشكىلاتلىرىمىز ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىشىنى قىزغىن تەشەببۇس قىلىمىز.

گېزىت تەھرىراتىدىن

## ب د ت خابىتاتقا رەسمى ئەزا بولۇش

بۇ يىل مارت ئېيىدا ب د ت تەرىپىدىن ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان خابىتاتقا ئەزا تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدىكى پىروگرامما كىتابى دۇنياغا تارقىتىلدى. ئىستانبۇلدىكى شەرقى تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ پائالىيىتى جەمىيەت نامىدا بۇ كىتابچىغا كىرگۈزۈلدى. خابىتات تەرتىپ كومىتېتى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا تەكلىپ ئەۋەتتى. كۆچمەنلەر جەمىيىتى شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالەتەن رەسمىيەت ئۆتىدى. ئىستانبۇل بۈيۈك شەھەر باشلىقى ساھىپخانلىق ۋە زىيەپىسى بىلەن رەسمى ۋە غەيرى رەسمى پائالىيەتلىرىمىز ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. قىرىق يىلدىن بېرى كۈتۈۋاتقان بۇ ئارزۇسىغا يەتكەن شەرقى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار خۇشاللىقىدىن جىددى تەييارلىقلىرىنى باشلىۋەتتى. مىڭلارچە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلار ياسالدى. دۇنيا تىللىرىدا لوزۇنكا– پىلاكاتلار ھازىرلاندى. كۆك بايراقلىق ئىزناك، شاپكا، خاتىرە دەپتىرى، ئاچقۇچ ئاستۇچ، ماشىنا بايرىقى تەييارلاندى. ئىنگلىز ۋە تۈرك تىللىرىدا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن رەسىملىك كىتابچە باستۇرۇلدى. كۆرگەزمە ۋە تەشۋىقات ماتېرىياللىرى توپلاندى. سەنئەت ئۆمىكىگە ئاتاغلىق ناخشىچىلار تەكلىپ قىلىندى. ھەمشەھەرلەرنىڭ ئىككى مىلليارد لىراغا يېقىن پۇل توپلاپ جەمىيەتكە ئىئانە قىلدى.

## ب د ت داشەرقىي تۈركىستان كۆرگەزمىسى

خابىتات ب د ت كۆرگەزمە بىناسى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان كۆرگەزمە بۆلۈمى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆركەم كىيىم كېچەكلىرى، رەڭدار دوپپىلىرى، تارىخىي مۇزېيكىلىرى ۋە تاغ - دەريا، گۈزەل مەنزىرە، ئىچىنىشلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملىرى يۈزدىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە مۇخبىرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ھەر كۈنى سوتكىلاپ ئوچۇق بولغان بۇ كۆرگەزمىدە چۈشەندۈرگۈچىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ئورنىنى، تارىخىي كەچمىشىنى ۋە كەلگۈسى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى كۆپچۈلۈككە ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە ئەرەپ تىللىرىدا ئاڭلاتتى. تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقاتتى. كۆرگەزمە بۆلۈمىمىزدە ب د ت ۋەكىللىرىنى، دۇنيا خەلقىنى ھەتتا بەتتەرەپ مۇخبىرلارنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان ئاجايىپ مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

كىشىلەر كۆرەتتى، ئوقۇيتتى، سورايتتى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى ھەرخىل ئۇسۇلدا ئىپادە قىلاتتى. پەقەت جېدەل چىقىرىش نىيىتىدە كەلگەن خىتاي ۋەكىللىرى مۇخبىرلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ، تۇرالماي قېچىپ كېتىشتى. ئەتىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرگەزمە بۆلۈمى كومىتېتلارغا قارشى شوئار، لوزۇنكىلارغا توشۇپ كەتتى. نامەلۇم كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇلار شۇ تۇرۇپ قۇرۇپ كەتكىنچە، ب د ت كۆرگەزمە بۆلۈمىنى تاشلاپ ئاخىرغىچە يېتىپ كېلەلمىدى. ۋەكىللىرىنى سودا- ستىق، تاماشاغا قويۇپ بەردى. شۇ كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇلدىكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا خىتاي زۇلمىغا قارشى پىلاكاتلارنى چاپلىدى. ب د ت مەركىزى رايونىغا خىتاينىڭ ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى تاراچەمبىرەك قويدى. --

## ب د ت رايونىدىكى ھەيۋەتلىك نامايىش

سەككىزىنچى ئىيۇن كۈنى ئىستانبۇلدىكى مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر- قازاق، ئەر- ئايال، قېرى- ياش كۆچمەنلەر مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ يۈزگە يېقىن ئاپتوبۇز، مىنىبۇس ۋە كىچىك ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، زەيتىنبۇرنىدىن تاكسىم خەلق مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، رەسىم، پىلاكاتلار بىلەن بېزەلگەن ھەيۋەتلىك ماشىنىلار ئەترىتى بىرنەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سەپ تارتىپ يولغا چىققاندا ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. يۈزلەرچە قاتناش ساقچىسى ھۆرمەت سالامى بىلەن كوچا قاتنىشىنى تەرتىپكە سالدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلق نامايىشچىلارغا قوشۇلۇپ شوئار توۋلىدى. نامايىشچىلار تاكسىم مەيدانىغا كەلگەندە ماشىنىلىرىنى قويۇپ، رەتلىك تىزىلىپ بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ، ب د ت خابىتات رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. يۈزلەرچە بايراق كۆتەرگەن ياشلارنىڭ ئۈچىسىدىكى "شەرقىي تۈركىستانغا ھۆررىيەت" دېگەن ئىنگلىزچە، تۈركچە خەت يېزىلغان، كۆك بايراق رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مايكا ھەممىنى ھاياجانلاندۇردى. كۆپچىلىك شوئار توۋلايتتى، بايراق لەپىلدىتەتتى، كىتاب ژۇرنال تارقىتاتتى، بۇ چاغدا پۈتۈن ب د ت رايونى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئىلكىدە جانلىنىپ كەتتى. ھېچكىمنىڭ نامايىش قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلمىگەن بۇ رايوندا شەرقىي تۈركىستانلىقلار يىغىن زالىغا مېڭىش باھانىسىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. بۇ نامايىشنى تۈركىيە ۋە چەتئەل تېلېۋىزىيونلىرى نەق مەيداندىن كۆرسىتىپ تۇردى.

بۇ كۈنى ب د ت خابىتات سېكرېتارلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىستانبۇل تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى ماچكا بۆلگىسىدىكى گ يىغىن زالىدا "شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى" مەزمۇنىدا يىغىن ئېچىلماقچى ئىدى. نامايىشچى شەرقىي تۈركىستانلىقلار غەزەپ بىلەن شوئار توۋلاپ يىغىن مەيدانىغا كىردى. يىغىندا "شەرقىي تۈركىستان مەملىكەت دوكلادى" ئوقۇلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى مەسىلىرى سۆزلەندى، "خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق باياناتى" ئېلان قىلىندى.

كەچ سائەت يەتتىلەردە يىغىندىن چىققان شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر يەنە شوئار توۋلاپ نامايىش قىلىپ تاكسىم مەيدانىغا قايتىپ كەلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خابىتاتقا تەييارلانغان ئوچۇق مەيدان سەھنىسى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇرغان سەھنىدە ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى ئويۇن قويدى. مىللىتىمىزنىڭ دەردىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەربىر سەنئەت نومۇرى ئارىلىقىدا ئويۇن باشقۇرغۇچى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىرنەچچە مىڭ تاماشىبىنغا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى. پائالىيەت داۋامىدا قوللىرىدا پۇتلىرىدا كىشەن، زەنجىر، بويۇنلىرىدا تاتاق، يۈز- كۆزى قېنىغا بويالغان ئونەچچە ياش ۋەتەندىكى خىتاي زۇلمىنى سىمۋول قىلغان ھالدا مەيداننى توختىماي ئايلىنىپ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

ئومۇمەن بۇ بىر كۈن، ئىستانبۇل شەھىرى ب د ت رايونى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيىتى باشقۇرۇشىدا بولدى.


ئىدارە ئادرېسى: تۈركىيە ئىستانبۇل ئاقساراي - 34279
مىللەت جاددىسى كۈچۈكساراي ئاپارتمان نومۇر: 26/3
تېلېفون: (0212) 534 80 67   521 60 02
فاكس: 534 80 67

İdare Yeri
Millet Cad. Küçüksaray Apt. No: 26/3
14270 Aksaray-İstanbul TÜRKİYE



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## ب د ت رايونىدا مۇخپىرلارنى كۈتۈۋېلىش

ئونىنچى ئىيۇن كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ سائەت تۆتكە قەدەر ئىستانبۇل ئىستىقلال كوچىسىدىكى مۇئەممەر قاراجا تىياتىرخانىسىنىڭ زالىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇخپىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا دۇنيا جامائەتكە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى. تىبەت ۋەكىللەر ئۆمىگىمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ باشچىلىغىدا يىغىنىمىزغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى ھەمدە ئالتە مىليون تىبەت خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئارقىسىدا دائىم تەييار ئىكەنلىگىنى بىلدۈردى. يىغىندىن كېيىن كونسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى.

ئون بىرىنچى كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئوچۇق رادىئودا دۇنياغا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاتوم يادرو سىنىقىغا قارشى نارازىلىق نۇتۇقى سۆزلەندى.

ئون ئىككىنچى كۈنى ب د ت خەبتات رايونى مەركىزى باغچىسىدا دۇنيا ئەللىرى ۋەكىللىرى قاتناشقان ھالدا خىتاي كوممۇنىست فاشىزىمىغا قارشى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ شىكايەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئوتتۇزدەك شەرقىي تۈركىستانلىق، تىبەتلىك ۋە چەتئەللىك ئۈچىسىغا شۇئارلار يېزىلغان ئاق كىيىم كىيىپ، خەلق ئالدىدا مۇخپىرلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. دەل شۇ پەيتتە، شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللار، باللار توپلۇشۇپ خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنى لەنەتلىدى ۋە نارازىلىق باياناتى تاپشۇردى. خىتايلار تۇرۇپ بىنا سىرتىغا چىقالمىدى.

ئون ئۈچىنچى كۈنى ب د ت خەبتات قارمىقىدىكى "ئاتومغا دىققەت" گۇرۇپپىسى ئىككى نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىقمۇ قات- ناشقان خەلقارالىق ئاممىۋى سوت مەھكىمىسى قۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى سىمۋوللۇق سوت قىلدى.

پۈتۈن خەبتات قۇرۇلتىيى داۋامىدا تۈركىيەدىكى گېزىت، ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيەلەر يۈزلەرچە قېتىملاپ، چەتئەل مەتبۇئاتلىرى ھېساپسىز قېتىم بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ تۇردى.

## قىسقا خەبەرلەر

بۇ يىل بەشىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى قەشقەر قۇراللىق ساقچى قىسمىلىرىدىن قىرىقتىن ئارتۇق كىشى تۆرت تىك ئۈچار ئايروپىلان، بەش ئاپتوموبىل، ئوتتۇز تۆگە بىلەن تەكلىماكان چۆللىگىگە كىرىپ قۇراللىق ئۇرۇش قىلىپ يوشۇرۇنغان ئۇيغۇر ياشلارنى تۇتماقچى بولغان. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بەش نەپەر ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ ئاران قېچىپ چىققان.

بۇ يىل ئون ئىككىنچى مارت كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قورچاق رەئىسى ئابدۇلئەھەت ئابدۇرىشىت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى باش قوماندانى جاڭ ئون نەچچە كىشى بىلەن ئۈچىنچى دىۋىزىيە ئالتىنچى پولكىغا زىيارەتكە كەلگەندە ئۇلار ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈگىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇددەتلىك بومبا يېرىم سائەت ئىلگىرى پارتلاپ باشقا بىر خىتاي ئۆلگەن. ساق قالغان ئەمەلدارلار دەرھال قېچىپ كەتكەن.

بۇ يىل تۆرتىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت پونكىتى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

بۇ يىل بىرىنچى ماي كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى تاملارغا ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن»، «يوقالسۇن كوممۇنىست دىكتاتورىسى»، «ياشىسۇن چېچەنىستان ئىنقىلاۋى» دېگەنگە ئوخشاش شۇئارلار چاپلانغان. كېچىدە ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ تۇتماقچى بولۇپ كەلگەن ئىككى ساقچى ئۆلگىچە تاياق يەپ ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالغان. ھۆكۈمەت شۇئار چاپلىغانلارنى ئىزدەپ قاتتىق سۈرۈشتە قىلماقتا.

# شەرقىي تۈركىستاندا يەنە دەھشەتلىك تۇتقۇن باشلاندى

96 ١- يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈندىن باشلاپ يۈز كۈنلۈك تازىلاش ھەرىكى-تى باشلىغان. خىتاي دىكتاتۇرا ئورگانلىرى چىن بۆلگىلىرىدە ئەتكەسچى، ھىروئىنچى، شەھە-ۋانىي يەرئاستى كىلوپلارنى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۈزۈندىن پىلانلىغان مىللىي بۆلگۈنچى، پانتۈركىست، پانئىسلامىست نامى ئاستىدىكى سىياسىي كۆزقاراشتىكىلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى ۋە ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئاشكارىلانغان ئىككى مىڭغا يېقىن ئەزاسى قولغا ئېلىنغان بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئون بەش مىڭغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ تۇتۇلغان-لىقى، رايون ۋە ۋاقىت خاراكتېرلىق ھەربىي ھالەتلەرنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقانلىقى، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى تاشيوللىرى قاتتىق تەقىپ قىلىنىۋاتقانلىقى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا مەخپىي ساقچىلارنىڭ نازارەت قىلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى. خىتاي ساقچىلىرى پەقەت قاراقاش ناھىيىسىدىلا يۈز ئون تۆرت كىشىنى تۇتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئۈرۈمچىگە تۇتۇلغان بالىسىنى ئىزلەپ كەلگەن بىر كىشى: «ئوغلۇمنى كېچىدە ئىككى ماشىنا ۋە ئۈچ موتوسىكلىتتا يىگىرمىدەك خىتاي ساقچىسى كېلىپ تۇتۇپ كەتتى، سورىغانلارغا ئوغلۇم سودىگەرچىلىككە كەتتى- دەيسەن دېدى» دەپ ئەھۋال ئىنكاس قىلدى.

تۇتۇلغانلارنىڭ ھېچبىرىگە قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرىلمىگەن ۋە تۇتۇش بۇيرۇغى تەغزى تاپشۇرۇلمىغان.

## خىتاي بىلەن روسىيە ئىمزالىغان 13 ماددىلىق شەرتنامە

(پېكىن تېلېگراممىسى - سىنگاپور بىرلەشمە ساباھ گېزىتى خەۋىرى)

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چەن چىچەن بىلەن روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فولماكوپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە ۋاكالىتەن تۆۋەندىكى ئون ئۈچ ماددىلىق شەرتنامىنى ئىمزالىدى:

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى مەخپىي تېلېفون ئىسسىق لىنىيىسى ئورنۇتۇش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى بىلىم پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداش، ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى كائىنات بوشلۇقىدا تىنچلىق ئۈچۈن ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى يادرو ئېنېرگىيىسىدە تىنچلىق ئۈچۈن ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىشتا ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى چەتئەل پىرىۋوتى مەنبەسىدە بىرلىكتە ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى شەڭكەي كۆلى تەبىئى قوغداش رايونىدا ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى يولسىزلىق رىقابەتتى ۋە مونوپولىيەگە قارشى ھەرىكەتلەردە ھەمكارلىق ئالماشتۇرۇش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى بۇ يىللىق ئىقتىسادىي سودىدا ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچەم-لىرى ھەققىدە ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى زەھەرلىك بۇيۇم ۋە دورىلارنى قانۇنسىز يۆتكەش ھەمدە قالايمىقان ئىشلىتىشنى توختۇتۇش ھەققىدە ھەمكارلىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى تەنتەربىيە، ساياھەت كومىتېتلىرىدا ھەمكالىشىش.

خىتاي- روسىيە ھۆكۈمەتلىرى يادرو قۇراللىرى بىخەتەرلىك ساھەسىدە ھەمكارلىشىش.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

## قاتىل ۋە جەسەت

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى ئازاتلىق يولىدىكى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا كۆرە گۈلگەن بىر مىنىبۇس شوفىرى يەتتە ياشلىق بىر ئۇيغۇر بالىسىنى ماشىنىسىدا ئەسسۋەتكەن ۋە ئارقىدىنلا يەنە بىر قېتىم دەسسەپ تاچماقچى بولغاندا كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. نەق مەيدانغا كەلگەن خىتاي ساقچىلىرى ھېچ ئىشنى سۈرۈشتۈر- مەيلا خىتاي شوفىرنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچماقچى بولغاندا خەلق تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان ساقچىلار جىددى خەۋەر بېرىپ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ قانۇننى سۈرۈشتە قىلغان بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشلىرىدىن نۇرغۇن كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن. قاتىل خىتاينى قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بۇ ھەربى ھالەت تۈنتۈنىدا ئارىسىدە بالىنىڭ جەسىدى كوچىدا ئىگە چاتىسىز قالغان.

## ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى پىچاقلاندى

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەكشەنبە سەھەردە ئوغلى بىلەن بىللە بامدات نامىزىغا كېتىۋاتقان ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ كوچىغا تاشلاپ قويۇلدى. ئوغلىمۇ ئېغىر يارىلاندى. ھۆكۈمەتنىڭ جىددى ئىشتىۋارى بىلەن تەشەببۇسكارلىقى بىر دوختۇرخانىدا ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ھارۇنخان ئىلگىرىمۇ يوشۇرۇن كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچرىغان بولۇپ، چەت-ئەللەرنىڭ ئاتالمىش دىنى تەشكىلاتلىرىدا ئۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ۋە خەلق تەرىپىدىن دىن ۋە مىللى مەنپەئەتلەرنى ساتقىنى سۆيۈملۈك ئەيىپلەنمەكتە. ئۇنىڭ ئوغلى قۇتقۇزۇلماي ئۆلدى.

## قىمار قاسساپ

بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تەشقۇرغان شەھەر كىرە مىباغ بازىرىدا قاسساپچىلىق قىلىدىغان بىر كىشى ھۆكۈمەت بازار باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەركۈنى پارىخورلۇق بىلەن بۇزەك قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، بىر پۈت قوي گۆشىنى گەپ قىلمايلا كۆتۈرۈپ ماڭغان ھەمدە يالۋۇرسا ھاقارەت قىلغان بازار باشقۇرۇش خادىمى ئەركىننى كانارائالدىدىلا پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھۆكۈمەت زوراۋانلىقلىرىغا قانلىق قىساس ئارقىلىق قارشى چىققان قاس- ساپ خىتاي قانۇن ئورگانلىرى ئالدىدا ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىپ كەسپداشلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

## ئۈرۈمچى كوچىسىدىكى قۇراللىق توقۇنۇش

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى ئازاتلىق يولى شەھەرلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچا ئىچىدە بىر مەيدان قۇراللىق توقۇنۇش چىقتى. خىتاي ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كىچىدە مەھەللىدىكى بىر ئۆيىنى قورشىۋېلىپ، نامى ئاشكارىلانمىغان يوشۇرۇن تەشكىلات ئەزالىرىنى تۇتماقچى بولغاندا توپلانغان ئۇيغۇر ياشلى- رى قۇراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىككى خىتاي ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتەردى. بىرنەچچە سائەت داۋام قىلغان شىددەتلىك ئېتىشىشتا ھەر ئىككى تەرەپتە زامانىۋى قوراللارنىڭ ئاۋازى توختىمىدى. ئاخىرىدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئىككى ئۇيغۇر يىگىتى شېھىد بولدى. باشقىلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىلىگىگە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئوقى تەگدى. يارىدار بولغان قىساسچىلار خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشتى. ئۈرۈمچىنىڭ كېيىن تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇنغان رەھبەرلىرىدىن ھېساپلانغان، ئۈرۈمچى يەنە ئەن كوچىسىدا ئۆلتۈرۈلگەن شۆھرەت قۇرپانلىق ئابدۇ- رېھىم ئىسىملىك يىگىت ئۈرۈمچى خىمىيە زاۋۇدى ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى يوشۇرۇنغان ئۆيى- دىن يۈزدەك خىتاي ئەسكەرىنىڭ قوراللىق قورشاۋى ئىچىدە قولغا ئېلىندى. خىتاينىڭ جازا ئورگانلىرى تەشكىلاتنىڭ باشقا ئەزالىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلارنى كېچە-كۈندۈز دەھشەتلىك قىيىن-قىستاق بىلەن سوراق قىلماقتا.

## قىساسچىلار تەسادىپ قولغا چۈشۈپ قالدى

بۇيىل بەشىنچى ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى ئىنتېپاق تىياتىرىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىدا ئېتىپ جايلاردىن كېلىدىغان سەپداشلىرىنى كۈتۈۋاتقان تۆت نەپەر قىساسچى تەشكىلات ئەزالىرى مېھمانخانىدىن ئايرىلىش پەيتىدە ئۈچ سومكىغا قاچىلانغان قورال، ئوق ۋە پارتلاتقۇچ بومبىلار بىلەن بىللە خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئاقسۇ رايونىدىن كەلگەن بۇ ياشلار ئۈرۈمچىدە چوڭ كۆلەمدە پارتلىتىش ۋەقەسىگە ھازىرلانغان بولۇپ، قوراللار قاچىلانغان سومكىلارنىڭ ئۈستىنى ياتاقتىكى كىرلىكلەر بىلەن ياپقان. مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى ئۇلارنىڭ كىرلىكلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تۈلىنى ئۈزۈتۈپ قوراللارنى كۆرۈپ قالغان ۋە خىتاي ساقچىلىرىغا مەلۇمات بەرگەن. قىساسچى ياشلارنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قورقۇنچلۇق پارتلىتىش سۇيىقەستىگە ھازىرلانغانلىقىنى يۇقۇرىغا دوكلات قىلغان خىتاي ساقچىلىرى قورال مەنبەلىرىنى جىددىي سۈرۈشتۈرمەكتە.

## ئاقسۇ رايونىدىكى قارشىلىق داۋاملاشماقتا

بۇيىل بەشىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۇچار، توقسۇ، كەلپىن ناھىيىلىرىدىكى ئۈچيۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر پىدائىي ياشلارنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۈچتۇرپاندىكى چېگرا بويىغا قاراپ ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى دەرھال ئۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ قورشاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. ئۈچتۇرپان بىلەن كەلپىننىڭ ئارىسىدىكى ئاقيار ئېغىزى ئەتراپىدا خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇنۇشتا بىر گۇرۇپپا پىدائىي ياشلار پىلىموت ۋە مىلتىقلار بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ، خىتايلارنىڭ يولىنى توسۇپ باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلغان.

